# يېزىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتەيلى

—— مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتە، ھەم ئوبراز يارىتىش، ھەم روھنى تاۋلاش كېرەك. يېزىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزىلارنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يېزىلاردىكى كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، مەدەنىي يېزا ئىستىلى، ياخشى ئائىلە ئىستىلى، ئاددىي - ساددا خەلق ئىستىلى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى تەكىتلىدى.

يېزىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى قەلبلەرنى ئوزۇقلاندۇرىدىغان، ئەخلاق ئارقىلىق قەلبلەرنى تەسىرلەندۈرىدىغان، قەلبلەرنى مۇجەسسەملەيدىغان خىزمەت. باش شۇجى شى جىنپىڭ يېزىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، «يېزىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئىنتايىن مۇھىم، ماددىنىڭ روھقا، روھنىڭ ماددىغا ئۆزگىرىشى دىيالېكتىكىلىق نۇقتىئىنەزەر» دەپ كۆرسەتتى، «يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشتا ماددىي مەدەنىيلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىكنى بىللە تۇتۇش، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ روھىي قىياپىتىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» دەپ تەكىتلىدى. ھەرقايسى جايلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، دېھقانلارنىڭ روھىي قىياپىتىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، يېزا - كەنتلەرنىڭ جەمئىيەت مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىستىلى، خەلق ئىستىلىنىڭ گۈزەللىشىشى، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنىڭ گۈزەللىشىشى، مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ گۈزەللىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك ئىدىيەۋى كاپالەت، قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ، مول ئەخلاق ئوزۇقى، ياخشى مەدەنىيەت شارائىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش كەسپلەرنى گۈللەندۈرۈش، ئىختىساسلىقلارنى گۈللەندۈرۈش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئېكولوگىيەنى گۈللەندۈرۈش، تەشكىلاتلارنى گۈللەندۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈش.» يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى كەسپلەر گۈللەنگەن بولۇش، ئېكولوگىيەسى ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىش، يېزا ئىستىلى مەدەنىي بولۇش، ئىدارە قىلىنىشى ئۈنۈملۈك بولۇش، تۇرمۇشى باياشات بولۇشتىن ئىبارەت. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېزا مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشتىكى مۇھىم ئورنىنى چوڭقۇر تونۇپ، يېڭى دەۋردە يېزا مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە تەلىپىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى يېزا مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، قىممەت يېتەكچىلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسنى چىڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، گۈزەل يېزا - كەنت قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ باش تېمىنى چۆرىدەپ، خەلقنى كۆزلەش، خەلققە پايدىلىق بولۇش، خەلققە نەپ يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ روشەن يۆنىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، ياخشىلاش، يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچتە چىڭ تۇرۇپ، يېزىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ يېڭى ئارزۇسىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، يېزىلارنىڭ تەرەققىيات - ئىلگىرىلەش يېڭى كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

يېزىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، جەزمەن خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىگىلەپ، ئۈزلۈكسىز كۈچەپ، يېتەرلىك كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. يېزىلارنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ لۇشيەن - فاڭجېنلىرى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش، يېزىلارغا نەپ يەتكۈزۈش، دېھقانلارنى بېيىتىش سىياسىتىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش كېرەك. يېزىلارنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، يېزىلارنىڭ ئالاھىدىلىككە ئۇيغۇن كېلىدىغان، دېھقانلار ئاممىسى ياقتۇرىدىغان ئۈنۈملۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېزىلارغا سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك. كۆپ خىل شەكىلدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، يېزا - كەنت ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يەتكۈزۈشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئامما قاتنىشىشنى خالايدىغان، ئاممىنىڭ قاتنىشىشىغا قولايلىق بولغان مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، يېزىلاردا ياخشى جەمئىيەت كەيپىياتى يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇپ، يېزىلاردىكى كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، مەدەنىي كەنت - بازار ۋە مەدەنىي ئائىلە بەرپا قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا تۈرلۈك ناچار كەيپىيات ۋە كونا قائىدە - يوسۇن، ناچار ئىللەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، پائال ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان جەمئىيەت كەيپىياتى شەكىللەندۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېزا - كەنت مەدەنىيلىكىنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈش كېرەك. يېڭى ۋەزىيەتتە يېزىلاردا ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيەلەش مەسىلىسى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، يېزىلاردىكى ئۆيدە قالغان باللارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە غەمخورلۇق قىلىپ، خىزمەت تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بايلىق سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ساغلام، خۇشال - خۇرام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ماددىي بايلىق ئىنتايىن مول بولۇشى، مەنىۋى بايلىقمۇ ئىنتايىن مول بولۇشى كېرەك. «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ماددىي مەدەنىيلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى دىيالېكتىكىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك، تەڭپۇڭ بولغان نۇقتىئىنەزەر بىلەن توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، جەمئىيەت، تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈپ، جۇڭگو روھى، جۇڭگو قىممىتى، جۇڭگو كۈچىنى تېخىمۇ ياخشى بەرپا قىلساقلا، بىز چوقۇم ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىيەلەيمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

مېنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ھېكايەم

توختىنىياز سايىم:

# جىغانلىقتا بىر توپ «بېيىش ئۆردەكى» باقتى

☐ ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لى لىن، ئىختىيارىي مۇخبىر جاڭ خې

«جۇڭ شۇجى، بۇ يىل تادورنا ئۆردىكىدىن ئوبدان كىرىم قىلدىم، كېلەر يىلى كۆلەمنى كېڭەيتىشنى ئويلىشىۋاتىمەن، 5000نى باقسام 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپالايدىكەنمەن، كېيىن يەنە سىزنى ئۆردەك چۈجىسىنى ئالدىن ئالاقىلىشىپ بېرىشكە ئاۋارە قىلىمەن».

«چاتاق يوق، بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇڭ».

2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ يامانسۇ قىرغىز يېزىسى يۇقارقى يامانسۇ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى ئىشخانىسىدا، 30 ياشلىق كەنت ئاھالىسى توختىنىياز سايىم كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جۇڭ خەيجۈنگە شۇ يىللىق باقمىچىلىق كىرىمى ۋە كېلەر يىللىق پىلانىنى خۇشاللىق بىلەن سۆزلەپ بەردى.

توختىنىياز ئىلگىرى ئاقسۇ شەھىرىدە ئىشلەمچىلىك قىلاتتى، ئاتا - ئانىسى 70 ياشتىن ئاشقان بولۇپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا موھتاج بولغاچقا، ئۇ يەنە كەنتكە قايتىپ كېلىپ دېھقانچىلىق قىلدى. توختىنىياز ئائىلىسىنىڭ 20 نەچچە مو قوناقلىقى بولۇپ، بىر يىلدا 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلاتتى. 2020 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جۇڭ خەيجۈن كۆپ تەرەپتىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق، يۇقارقى يامانسۇ كەنتىنىڭ توشقان دەرياسىغا يېقىن ئىكەنلىكىنى، تەۋەلىكىگە زور مىقداردا ياۋا جىغان تارقىلىشتەك تەبىئىي ئەۋزەللىكنى كۆزدە تۇتۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى تادورنا ئۆردەكى خاس باقمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. تادورنا ئۆردەكى جىغانلىقتا تارقاق بېقىلسا، يەرگە چۈشكەن جىغان مېۋىلىرى ۋە قۇرتلارنى يېسە گۆش سۈپىتى ئۆسۈپلا قالماي، چىقىرىندىلىرىمۇ جىغانلىقنىڭ تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ، بۇ، سۇلۇق يەرنىڭ ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ. توختىنىياز كىرىمنى ئاشۇرۇش پۇرسىتىنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تىزىمغا ئالدۇردى.

«ئىشىك ئالدىمىزدىلا ئىشقا ئورۇنلىشالىساق، ھەم ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا تەسىر يەتمەيدىكەن، ھەم ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىكەنمىز، كەنت كادىرلىرىنىڭ بىزگە يارىتىپ بەرگەن بۇ پۇرسىتى بەك ياخشى بولدى» دېدى توختىنىياز تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

تادورنا ئۆردەكى باقمىچىلىقىغا يۇرتداشلار ئىشەنچ قىلالمىدى، كەنت بويىچە پەقەت توختىنىياز بىرەيلەنلا تىزىمغا ئالدۇردى. «ئەزەلدىن تادورنا ئۆردەكى بېقىپ باقمىغان تۇرسام، باقمىچىلىقنى قانداق قىلىمەن؟ ياخشى ساتقىلى بولارمۇ؟ زىيان تارتسام قانداق قىلارمەن؟ دەسلەپتە گېلىمدىن تاماق ئۆتمىدى، تۈزۈكمۇ ئۇخلىيالمىدىم، جۇڭ شۇجىنى قايتا - قايتا ئىزدەپ باردىم» دېدى توختىنىياز. «كەنت توشقان دەرياسىغا يېقىن، تەبىئىي شارائىتى ئەۋزەل، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدۇ.» جۇڭ خەيجۈننىڭ سۆزى توختىنىيازنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، ئىشەنچىنى ئاشۇردى، ئۇ جۇڭ خەيجۈن بىلەن بىللە ئۆردەك چۈجىسى ئالاقىلىشىشقا باشلىدى.

كۆپ تەرەپتىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، 2020 - يىلى 6 - ئايدا توختىنىياز تۇخۇمدىن چىققىنىغا ئەمدىلا بەش كۈن بولغان 2000 دانە تادورنا ئۆردەكى چۈجىسىنى چېڭدۇدىن ئايروپىلانلىق ئەكەلدۈردى.

«تادورنا ئۆردەكى بىرقەدەر كىچىك بولغاچقا، سۇغا چۈشەلمەيتتى، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسسىق كاتەكتە توپتوغرا بىر ئاي باقتىم.» توختىنىياز مۇنداق دېدى: كۈندۈزى تادورنا ئۆردەكى چۈجىلىرىگە ئوزۇقلۇق تالقىنى بەردىم، 20 سۇ ئوقۇرىدا سۇ ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ قالمىدى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولغاچقا، كەچتە ئوچاققا ئوت قالاپ يېپىق كاتەكنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلەتتىم، بۇ جەرياندا يەنە تادورنا ئۆردەكى چۈجىلىرىگە ئىككى قېتىم ۋاكسىنا ئۇرغۇزدۇم. كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق، بىر ئايدىن كېيىن، تادورنا ئۆردەكى چۈجىلىرىنىڭ ھەممىسى سۇغا چۈشەلەيدىغان بولدى.

توختىنىياز كۈندۈزى تادورنا ئۆردەكلىرىنى كەنت سىرتىدىكى توشقان دەرياسى سۇلۇق يېرىگە ئاپىرىپ قويىدۇ، تادورنا ئۆردەكلىرى سۇدا ئۈزىدۇ، يەرگە چۈشكەن جىغان مېۋىلىرىنى ۋە قۇرتلارنى يەيدۇ. ئۇ ئۆزى ئېتىزغا بېرىپ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىدۇ، ئىككىلا ئىشقا دەخلى يەتمەيدۇ.

تادورنا ئۆردەكى باقمىچىلىقى ئۈنچە ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمىدى. «بىر كۈنى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى تۈگىتىپ تادورنا ئۆردەكلىرىگە قاراپ بېقىش ئۈچۈن سۇلۇق يەرگە بارغىنىمدا، بىر تۈلكىنىڭ ئۆردەكنى چىشلەپ ئېلىپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قوغلاپمۇ يېتىشەلمىدىم.» توختىنىياز مۇنداق دېدى: كەچتە ئۆيگە قايتىپ ساناپ باقسام، 60 نەچچە ئۆردەك يېتىپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، توختىنىياز ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىپ، ئېتىزدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپلا سۇلۇق يەرگە بېرىپ تادورنا ئۆردەكلىرىگە قاراپ تۇرىدىغان، كەچتە بىرمۇبىر ساناپ چىقىدىغان بولدى. تۆت ئاي ئىلمىي بېقىش ئارقىلىق، قېپقالغان 1600 تادورنا ئۆردىكىنىڭ ھەممىسى ساغلام چوڭ بولۇپ، ئەڭ ئېغىرى ئۈچ كىلوگرامغا يەتتى. سېتىش يولىنى كۆپ تەرەپلىمە ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، توختىنىياز باققان تادورنا ئۆردىكىنىڭ ساپ كىرىمى 48 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

توختىنىيازنىڭ كۆپ پۇل تاپقانلىق خەۋىرى كەنتتە تارقالغاندىن كېيىن، يۇرتداشلار بەس - بەستە ماختىشىپ، ئۇنى بېيىش ماھىرى دەپ ئاتىدى.

جۇڭ خەيجۈن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «توختىنىيازنىڭ ساقلاپ تۇرمايدىغان، تايىنىۋالمايدىغان، دادىل ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىدىغان روھى كەنتتە ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى ئوينىدى».

«پارتىيەنىڭ سىياسىتى ياخشى، كادىرلارنى ئەۋەتىپ بىزنى بېيىشقا يېتەكلەۋاتىدۇ، ئۆزىمىزمۇ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.» توختىنىياز خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: 2021 - يىلى باقمىچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، يۇرتداشلارنى خاس باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىرلىكتە بېيىشقا سەپەرۋەر قىلىمەن.

# كەنت قائىدىسى - ئاھالىلەر ئەھدىنامىسى ئارقىلىق كەنت قىياپىتى يېڭىلاندى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، بىر كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆيىنى ئىجارە ئالغۇچى ئۆيىنى قايتۇرماقچى بولدى، لېكىن ئۆي ئىجارە توختامىنىڭ مۇددىتى تېخى توشمىغانىدى، بۇ كەنت ئاھالىسى ئەنەنچۈي بازارلىق ئەدلىيە ئورنىغا كېلىپ مەسلىھەت سوراپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تالاش - تارتىشنى قانۇن بويىچە ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

دەي رۇڭمېينىڭ قارىشىچە، ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش ئىكەن. ئۇ مۇنداق دېدى: توي مۇراسىمىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئىلگىرى توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن نەچچە كۈن ئالدىراش بولۇپ كېتەتتۇق، چېدىر تىكىپ چوڭ قازان ئاساتتۇق، ھاراققا زورلاش، مەجبۇرىي ھاراق ئىچكۈزۈش، ھۇجرا ئۆيدە قىزىقچىلىق قىلىش ئادەتتىكى ئىش ئىدى، بەزىدە سەل ئېشىپ كېتىپ مەدەنىيەتسىزلىك ئەھۋاللىرى كۆرۈلەتتى. «ھازىر توي - تۆكۈنلەر يېڭىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ھەشەمەتچىلىك قىلمايدىغان، ياشلار ياقتۇرىدىغان شەكىلدە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغان بولدى».

ياڭ خەيگاڭ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ئىلگىرىكى كەنت قائىدىسى - ئاھالىلەر ئەھدىنامىسى قوشاق شەكلىدە بولۇپ، ئەستە تۇتۇش ئاسان بولسىمۇ، لېكىن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ چۈشىنىشىگە قولايسىز ئىدى. 2016 - يىلى نۆۋەت ئالماشقاندىن كېيىن، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ كەنت ئاھالىلىرىدىن پىكىر ئېلىپ، ئاسان ئۆگەنگىلى، چۈشەنگىلى بولىدىغان كەنت قائىدىسى - ئاھالىلەر ئەھدىنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى.

يېڭى كەنت قائىدىسى - ئاھالىلەر ئەھدىنامىسىنىڭ قاراتمىلىقى ناھايىتى كۈچلۈك. خېشى كەنتىدە 60 ياشتىن ئاشقان ياشانغانلاردىن 500گە يېقىن كىشى بار بولۇپ، كەنت قائىدىسى - ئاھالىلەر ئەھدىنامىسىدە ياشانغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ياشانغانلارغا ۋاپادار بولۇش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىنغان.

مۇخبىر كەنت ئاھالىسى ئادىلجان ھۇسەننىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، تام مەشكە ئوت يېقىلغان بولۇپ، ئۆي ئىچى باھاردەك ئىللىق ئىدى، ئۇ خوتۇنى بىلەن چاي ئىچكەچ تېلېۋىزىيە تىياتىرى كۆرۈۋاتاتتى. «مەن كالا - قوي بوردايمەن، 200دىن ئارتۇق قوينى ياشلارنىڭ بېقىشىغا تاپشۇرۇپ بەردىم، ھەر كۈنى بېرىپ كۆرۈپ باقساملا بولىدۇ.» ئادىلجان مۇنداق دېدى: كەنت كەيپىياتى بارغانسېرى ياخشىلاندى، ياشلار ئاتا - ئانىسىغا ۋاپادار بولۇشنى، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەشنى بىلىدۇ، ئاخىرقى ئۆمرۈنى بۇنداق ئۆتكۈزۈش ھەقىقەتەنمۇ بەختلىك!

كەنت قائىدىسى - ئاھالىلەر ئەھدىنامىسىدە يەنە يىل ئاخىرىدا بەشتە ياخشى ئائىلە، ياخشى كېلىن، ياخشى قېيىنئانا، ياخشى ئەر ۋە مەدەنىي ئائىلە قاتارلىقلارنى باھالاپ مۇكاپاتلاش بەلگىلەنگەن بولۇپ، مېخانىزم ئارقىلىق ياخشى ئائىلە ئىستىلى تەشەببۇس قىلىنغان، رىغبەتلەندۈرۈلگەن. كەنت ئاھالىسى فېڭ شىنجۈ ياخشى كېلىنلەرنىڭ بىرى بولۇپ، توي قىلغان 30 يىلدىن بۇيان، ئۇ قېيىنئانىسىنى ھۆرمەتلەپ، ۋاپادارلىق يەتكۈزۈپ، ئېرى بىلەن بىر - بىرىنى ھۆرمەتلىشىپ، كۆيۈنۈشۈپ، كەنت ئاھالىلىرى تەرىپىدىن تەرىپلەندى. «ئىلگىرى يېزىلاردا ‹ئەرلەر ئۈستۈن› دەيدىغان كەيپىيات بار ئىدى، ئەرلەر قولىنى كەينىگە قىلىپ ئالدىدا ماڭاتتى، خوتۇنى بالىسىنى كۆتۈرۈپ كەينىدىن ماڭاتتى. ھازىر بۇ خىل ھالەت ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىدى، ئايالىغا كۆيۈنىدىغان، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدىغان ئەرلەر بارغانسېرى كۆپەيدى» دېدى فېڭ شىنجۈ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)